ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

交通工具好厉害
قاتناش قوراللىرى ھەقىقەتەن قالتىس

身边的科学
ئەتراپىمىزدىكى ئىلىم-پەن

# 救援车出动！

JIUYUANCHE CHUDONG!

# قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ھەرىكەتتە

蓝灯童画 编绘
艾科拜尔·伊米提 译
تۈزگۈچى ۋە رەسىمنى سىزغۇچى: لەنذېڭ باللار سىزمىلىرى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ھېمىت



新疆人民出版总社 شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
新疆科学技术出版社 شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com

身边的科学

ئەتراپىمىزدىكى ئىلىم - پەن

# 救援车出动!

# قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ھەرىكەتتە

蓝灯童画　编绘
艾科拜尔·伊米提　译
تۈزگۈچى ۋە رەسىمنى سىزغۇچى: لەندېڭ بالىلار سىزمىلىرى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ھېمىت



新疆人民出版社 شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
新疆科学技术出版社 شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

救援车出动！：汉文、维吾尔文／蓝灯童画编绘；艾科拜尔·伊米提译. — 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2021.5
（身边的科学）
ISBN 978-7-5466-4880-4

Ⅰ.①救… Ⅱ.①蓝…②艾… Ⅲ.①救援车—儿童读物—汉、维 Ⅳ.①U273.93-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2021）第088589号

选题策划 唐 辉
责任编辑 董兰芳 帕丽旦·艾尔肯
责任校对 高沙丽·努拉力别克 如克也·西里甫
封面设计 杨筱童 蓝灯童画 海米旦·赛达力木
制 版 新疆悦读出版服务公司

身边的科学
救援车出动！
（双语版）

出 版 新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社
地 址 乌鲁木齐市延安路255号
邮 编 830049
电 话 （0991）2888243 2866319（fax）
经 销 新疆新华书店
印 刷 新疆新华华龙印务有限责任公司
版 次 2021年5月第1版
印 次 2021年5月第1次印刷
开 本 787mm×1 092mm 1/16
印 张 3
字 数 50千字
定 价 20.00元

版权所有，侵权必究
如有印装质量问题，请与本社发行部联系调换

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



在繁忙的城市道路上，
在蔚蓝的天空中，
在辽阔的大海上，
我们每天都能看到各式各样的交通工具，
它们忙忙碌碌，来来去去，
各自有各自的职责，
那每一种交通工具到底能做什么呢?
又给我们的生活带来什么样的改变呢?
来，跟随我们一起去探索交通工具的世界吧!

بىز ھەركۈنى شەھەرنىڭ ئاۋات يوللىرى-
دا، كۆپكۆك ئاسماندا، بىپايان دەريا - دې-
ڭىزلاردا ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرىنى
كۆرۈپ تۇرىمىز، ئۇلار ناھايىتى ئالدىراش
بولۇپ، كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، ھەرقايسى-
سىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ئۇنداقتا
بۇ قاتناش ۋاسىتىلىرى زادى نېمىلەرنى قى-
لىدۇ؟ ئۇلار تۇرمۇشىمىزغا قانداق ئۆزگى-
رىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ قېنى كېلىڭ، بىز
بىرلىكتە قاتناش ۋاسىتىلىرى دۇنياسىدا
ئىزدىنەيلى!




丁零零，电话和警报全都响了起来。

紧急情况！紧急情况！

www.uyghurkitap.com




发生什么事情了？

是谁需要帮助？





جىرىڭ جىرىڭ جىرىڭ، تېلېفون ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى تەڭلا سايرىدى.
جىددىي ئەھۋال! جىددىي ئەھۋال!


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نېمە ئىش يۈز بەردى؟
كىم ياردەمگە موھتاج؟




快一点，再快一点，所有的救援车辆全体出动！





救援车辆搭载着受过专业训练的救援人员，迅速赶往救援现场。




چاپسان، چاپسان بولۇڭلار، بارلىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى ھەرىكەتكە كەلدى!


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى مەخسۇس تەربىيەلەنگەن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنى ئېلىپ، قۇت-قۇزۇش نەق مەيدانىغا دەرھال يېتىپ كېلىدۇ.



生命之星是紧急医疗救护服务系统 (EMSS) 的国际标识，一般会印在紧急医疗器材上。






路上的小汽车都让一让，救护车来啦！救护车搭载的是能应对紧急情况的医生和护士，他们得快速驶向得了重病和急病的人。

www.uyghurkitap.com




救护车到达救援现场，救护人员把患者放上担架，迅速送往医院。为了不耽误患者的治疗，急救医生会用救护车里配备的医疗设备在路上救助患者。




ھاياتلىق يۇلتۇزى — جىددىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى (EMSS) نىڭ خەلقئارالىق بەلگىسى بولۇپ، ئادەتتە جىددىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىگە بېسىلىدۇ.


يولدىكى پىكاپلار يول بېرىڭلار، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى كەلدى! قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىدا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان دوختۇر ۋە سېستىرالار بولۇپ، ئۇلار ئېغىر كېسەل ۋە جىددىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا تېزلىكتە يېتىپ بارىدۇ.


www.uyghurkitap.com




قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇتقۇزۇش خادىملىرى بىمارنى نوسىلكىغا سېلىپ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ. جىددىي قۇتقۇزۇش دوختۇرلىرى بىمارنىڭ داۋالىنىشىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىغا سەپلەنگەن داۋالاش ئۈسكۈنىسى بىلەن بىمارنى يول بويى قۇتقۇزىدۇ.












不好了，发现得了特殊传染病的病人！

为了不让传染病感染到更多的人，负压救护车登场啦！


www.uyghurkitap.com








负压救护车是一种具有特殊设计的救护车，这种救护车能利用负压装置使车内的气压低于车外。这样只有车外的空气会进入车内，车内的空气会经过无害处理再排放到车外。负压救护车专门用于救治得了传染病和重大疾病的病人。










چاتاق بولدى، ئالاھىدە يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمار بايقالدى! يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى يۇقۇملاندۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەنپىي بېسىملىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى!

www.uyghurkitap.com


مەنپىي بېسىملىق ئايرىش بۆلمىسى: پاكىز ھاۋانى كىرگۈزۈش ــ ھاۋادا يۇقۇش مەنبەسى بىلەن ئۇچرىشىش ــ پاكىز ھاۋانى چىقىرىش.






مەنپىي بېسىملىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بىر خىل ئالاھىدە لايىھەلەنگەن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بولۇپ، بۇ خىل قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى مەنپىي بېسىملىق ئۇسكۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتوموبىل ئىچىدىكى ھاۋا بېسىمىنى ئاپتوموبىل سىرتىدىكى ھاۋا بېسىمىدىن تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنداق بولغاندا سىرتتىكى ھاۋا ئاپتوموبىل ئىچىگە كىرىدۇ، ئاپتوموبىل ئىچىدىكى ھاۋا زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، سىرتقا قويۇپ بېرىلىدۇ. مەنپىي بېسىملىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى مەخسۇس يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.



起火了！起火了！远处的天空冒着浓烟。

不要着急，听这呜呜的警报声，消防车来救援啦！


www.uyghurkitap.com




一辆、两辆……

有好多种不同的消防车。

为了应对不同的火灾类型，消防车也有很多不同的种类。



ئوت كەتتى! ئوت كەتتى! ئاۋۇ يەردىن قويۇق ئىس - تۇتەك كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

جىددىيلەشمەڭ، سىگنال ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى قۇتقۇزۇش-قا كەلدى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




بىر ئاپتوموبىل، ئىككى ئاپتوموبىل...
ھەر خىل ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى كەلدى.
ھەر خىل ئوت ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ تۈرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.





水罐消防车是常见的消防车，车身带有一个大大的蓄水罐，到达救援现场之后，立即就可以连接上水枪，喷水灭火。


在一些缺水的地区，水罐消防车也用于供水和输水。


www.uyghurkitap.com





泡沫干粉联用消防车专门应对无法用于水灭火的场合，比如石油化工起火和电子设备起火。







泵浦消防车大部分是由其他型号的汽车改装而成，在保持原车底盘性能外，车上备有消防员座位、消防水泵和消防器材，它可以灵活行驶在道路狭窄的地区，快速把消防员送到火场，利用水源进行灭火。





سۇ باكىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى كۆپ ئۇچرايدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى بولۇپ، ئاپتوموبىل گەۋدىسىدە چوڭ بىر سۇ ساقلاش باكى بار، قۇتقۇزۇش خادىملىرى قۇتقۇزۇش نەق مەيدانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال سۇ مىلتىقىنى باكقا ئۇلاپ، سۇ پۈركۈپ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ.

بەزى سۇ قىس رايونلاردا، سۇ باكىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يەنە سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇ يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com







ماغزاپ ۋە پاراشوك بىللە ئىشلىتىلىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى مەخسۇس سۇ بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە بولمايدىغان سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، نېفىت خىمىيە سانائىتى ئوت ئاپىتى ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرگە ئوت كېتىش قاتارلىقلار.





پومپىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ كۆپىنچىسى باشقا تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان، ئەسلىدىكى ئاپتوموبىلنىڭ تەگلىك ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، ئاپتوموبىلغا ئوت ئۆچۈرگۈچلەر ئورنى، ئوت ئۆچۈرۈش پومپىسى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرى سەپلەنگەن، بۇ خىل ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى تار يوللاردا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يۈرۈپ، ئوت ئۆچۈرگۈچلەرنى تېزلىكتە ئوت ئۆچۈرۈش مەيدانىغا يەتكۈزۈپ، سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ ئوت ئۆچۈرەلەيدۇ.





为了救援高楼上的火灾，登高消防车登场啦！

登高消防车分为云梯消防车和登高平台消防车。

云梯消防车有长长的可伸缩的云梯，顶端设有载人操作平台。



登高平台消防车也有长长的臂架和载人操作平台，可以把消防员送到高处救人灭火。有时，登高平台消防车和云梯消防车也可以用于援救爬到高处、自己无法下来的小动物。








ئېگىز بىناغا كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كۆتۈرمىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى.

كۆتۈرمىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ئېگىز شوتىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ۋە كۆتۈرمە سۇپىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇزۇن شوتىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ ئۇزۇن ھەم ئۇزىراپ ـ قىسقىرالايدىغان شوتىسى بار بولۇپ، ئۈستىدە ئادەملىك مەشغۇلات سۇپىسى بار.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆتۈرمە سۇپىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭمۇ ئۇزۇن بىلەك جازىسى ۋە ئادەملىك مەشغۇلات سۇپىسى بار بولۇپ، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر مەشغۇلات سۇپىسىغا چىقىپ، ئېگىز جايلاردا ئادەم قۇتقۇزۇپ، ئوت ئۆچۈرەلەيدۇ. بەزىدە كۆتۈرمە سۇپىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ۋە ئۇزۇن شوتىلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يەنە ئېگىز جايلارغا چىقىپ، ئۆزى چۈشەلمەيدىغان كىچىك ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



供水消防车



排烟消防车




消防指挥车






除了前面提到的消防车，还有一些用于各种特殊情况的消防车。


www.uyghurkitap.com




化学事故抢险消防车



森林消防车




照明消防车




机场消防车

比如化学事故消防车，是专门用于因化学事故引起的火灾救援；机场消防车专门用于机场的消防救援；森林消防车专门用于森林火灾救援……



سۇ تەمىنلەش ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى





ئىس تارتىش ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى



ئوت ئۆچۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىش ئاپتوموبىلى




يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىللىرىدىن باشقا، يەنە بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئىشلىتىلىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىللىرىمۇ بار.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئورمان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى



خىمىيەلىك ھادىسىلەردىكى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى




ئايرودورۇم ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى



يورۇتۇش ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى

مەسىلەن، خىمىيەلىك ھادىسىلەردىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى مەخسۇس خىمىيەلىك ھادىسىلەردىن كېلىپچىققان ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئايرودورۇم ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى مەخسۇس ئايرودورۇمدىكى ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئورمان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى مەخسۇس ئورمان ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ...






小汽车排起了长队，前面发生了什么事？


原来是一辆小汽车坏了，停在了路中央，轮到拖车出场啦！

www.uyghurkitap.com


拖车种类很多，有些是用吊臂和铁钩把车子拖走的，有些是通过托举牵引把车子拖走的。



还有的拖车后面是一块平板，把需要拖走的车子放在平板上就可以拖走了。



拖车能在发生车辆故障的时候，及时把车辆拖离道路，送去修理厂。有时，车子停在了不应该停的地方，阻碍了交通，也会被拖车拖走。



ئاپتوموبىللار ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتتى، ئالدى تەرەپتە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ئەسلىدە بىر ئاپتوموبىل بۇزۇلۇپ قېلىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغاچقا، سۆرەش ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







سۆرەش ئاپتوموبىلى كاشىلا كۆرۈلگەن ئاپتوموبىلنى ۋاقتىدا يولدىن سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپ، رېمونت زاۋۇتىغا ئاپىرىدۇ.

بەزىدە، ئاپتوموبىلنى توختىتىشقا تېگىشلىك بولمىغان جايغا توختىتىپ، قاتناشقا توسالغۇ پەيدا قىلسىمۇ، سۆرەش ئاپتوموبىلى تەرىپىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېتىلىدۇ.





电线被大风刮断了，附近的大楼都停电啦。

电力抢险车快速赶到，协助维修工人对电线进行紧急维修。


www.uyghurkitap.com



电信



供水




公路




电力抢险车是用于帮助抢修、维修和维护电力设施的特种车辆。车上配备有电力抢险需要的工具。除了可以运用在电力抢险之外，还可以应用于油田、电信、供水、公路和有线电视的抢险与维修。





توك سىمى بوراندا ئۈزۈلۈپ كەتتى، يېقىن ئەتراپتىكى بىنالاردا توك توختىدى.
توك كاشىلىسىنى جىددىي رېمونت قىلىش ئاپتوموبىلى تېز سۈرئەتتە يېتىپ كېلىپ، رېمونتچىلارنىڭ توك سىمىنى جىددىي رېمونت قىلىشىغا ياردەملەشتى.



تاشيول



سۇ بىلەن تەمىنلەش



تېلېگراف



توك كاشىلىسىنى جىددىي رېمونت قىلىش ئاپتوموبىلى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئەسلىھەلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىش، رېمونت قىلىش ۋە ئاسراشقا ياردەم بېرىدىغان ئالاھىدە ئاپتوموبىل ھېسابلىنىدۇ. ئاپتوموبىلغا ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا كېرەكلىك سايمانلار سەپلەنگەن. توك كاشىلىسىنى جىددىي رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە نېفىتلىك، تېلېگراف، سۇ بىلەن تەمىنلەش، تاشيول ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە قاتارلىقلاردا خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋە رېمونت قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com





这些都是救援车！随时待命，随时准备出发，保卫大家的财产，保护大家的生命。

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




不过现在它们都收工啦，各式各样的救援车都完成了今天的救援任务，回到了自己的家。




بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى! ھەر ۋاقىت بۇيرۇق كۈتۈپ، يولغا چىقىشقا تەييار بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتىنى قوغدايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بىراق ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى، ھەر خىل قۇتقۇزۇش ئاپتو-
موبىللىرى بۆگۈنكى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۆيلىرىگە قايتتى.

پىلانلىغۇچى: تاڭ خۇي
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: دۇڭ لەنفاڭ  پەرىدە ئەركىن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: كاۋسار نۇرالبېك  رۇقىيە شېرىپ
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچىلىرى: ياڭ شياۋتۇڭ  لەندېڭ باللار سىزمىلىرى  خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ يۈدۇ نەشر مۇلازىمەت شىركىتى


ئەتراپىمىزدىكى ئىلىم - پەن

## قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ھەرىكەتتە

(قوش تىل نۇسخىسى)

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049
ساتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىڭخۇاشيا رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى: 2021 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2021 - يىلى 5 - ئاي 1 - باسمىسى
فورماتى: 787mm×1092mm  1/16
باسما تاۋىقى: 3
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5466-4880-4
باھاسى: 20.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



绿色印刷产品

ISBN 978-7-5466-4880-4
定价：20.00元